# ھەممە ئادەم يېشىللىقنى سۆيىدىغان، يېشىللىق بەرپا قىلىدىغان، يېشىللىقنى قوغدايدىغان مەدەنىي كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىللە ئۆتىدىغان گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار بىرلىكتە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ چاۋياڭ رايونى ۋېنيۇخېدىكى كۆچەت تىكىش نۇقتىسىغا كېلىپ، پايتەخت ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

بۇ كۆلىمى تەخمىنەن 320 مو كېلىدىغان ئوچۇقچىلىق بولۇپ، ئەسلىدە كۆپلىگەن قۇم ـ شېغىل زاۋۇتى، كېرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىۋېلىش پونكىتى قاتارلىقلار بار ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆچۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش ۋە مۇھىتنى تۈزەش ئارقىلىق، بۇ يەردە سۇ بىلەن يېشىللىق يۇغۇرۇلغان، جانلىقلار كۆپ خىل بولغان، ئېكولوگىيە ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈلىدىغان ئېكولوگىيە بوشلۇقى بەرپا قىلىش پىلانلاندى.

شى جىنپىڭ ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپلا گۈرجەكنى ئېلىپ كۆچەت تىكىش نۇقتىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە كۆچەت تىكىۋاتقان كادىرلار، ئامما باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قىزغىنلىق بىلەن باش شۇجىدىن ئەھۋال سورىدى. شى جىنپىڭ كۆپچىلىككە قول ئىشارىتى بىلەن ئېھتىرام بىلدۈردى، ئارقىدىن بېيجىڭ شەھىرى، دۆلەت ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار ھەمدە پايتەختتىكى كادىر، ئامما، پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

يۇۋشۇك، ئەيزىشەن، خۇگرۇيمۇ، بىتاۋ، چيۇشۇ، شىفۇخەيتاڭ... شى جىنپىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئالتە تۈپ كۆچەت تىكتى. ئۇ بىر تەرەپتىن پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن سۇ ئەكېلىپ سۇغاردى، بىر تەرەپتىن بالىلاردىن ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە ئەمگەك بىلەن چېنىقىش ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇلارغا: كىچىككىلاردىنلا ئەمگەك ئېڭىنى يېتىلدۈرۈڭلار، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈڭلار، ئىشچانلىق ئادەمنىڭ ئاساسىي ساپاسى، دەپ تاپىلىدى. ئۇلارغا: سىلەر چوڭ بولغاندا، ۋەتىنىمىز تېخىمۇ باي ـ قۇدرەتلىك بولىدۇ. سىلەر ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلىشكە ئەھمىيەت بېرىشىڭلار، ھەم ياخشى ئۆگىنىپ، كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلىشىڭلار، ھەم بەدىنىڭلار كۈچلۈك، ئىرادەڭلەر كۈچلۈك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەتەن قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ قوشۇشقا تەييارلىنىشىڭلار كېرەك، دېدى.

كۆچەت تىكىش نەق مەيداندا قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى، ئەمگەككە قاتناشقان رەھبىرىي يولداشلار كۆپچىلىك بىلەن بىللە كۆچەتلەرگە توپا يۆلىدى، چېلەكتە سۇ ئەكېلىپ سۇغاردى، كەيپىيات قىزغىن بولدى.

يېڭى تىكىلگەن كۆچەتلەر شامالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى. كۆچەت تىكىش مەزگىلىدە، شى جىنپىڭ نەق مەيداندىكى كادىرلار، ئاممىغا مۇنداق بىلدۈردى: بۇ يىل ئومۇمىي خەلق مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش قانات يايدۇرۇلغانلىقنىڭ 40 يىللىقى. 40 يىلدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، قەتئىي داۋاملاشتۇردى، ۋەتەن زېمىنىدا يېشىللىق بارغانسېرى كۆپىيىپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى بارغانسېرى گۈزەللىشىپ، پۈتۈن يەر شارىدىكى ئورمان بايلىقىنىڭ ئېشىشى ئەڭ كۆپ دۆلەتكە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇش نىشانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ئورمان، ئوتلاق بايلىقىدا ئومۇمىي مىقدارى يېتەرلىك بولماسلىق، سۈپىتى يۇقىرى بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك، جەزمەن سىجىل كۈچەش، بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىشىدىكى ئورتاق تونۇشى ۋە ساداسى. جۇڭخۇا مىللىتى ئەزەلدىن تارتىپلا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق تەرەققىي قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى مول ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى توپلىدى. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى، جەزمەن زور كۈچ سەرپ قىلىپ يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئېقىمىنى ئىرىشىپ يېتەكلەش كېرەك. بىز سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىپ، ئورمان كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئورمان سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ كاربون يىغىش ئاشۇرما مىقدارىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يەر شارىۋى ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: گۈزەل جۇڭگو قۇرۇلۇشى ھەربىر ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. گۈزەل جۇڭگو ۋەتەن تاغ ـ دەريالىرىنىڭ ھەممىسىنى ساغلام قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ساغلام قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئومۇمىي خەلق مەجبۇرەن كۆچەت تىكىشنى چوڭقۇر ياخشى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى سەپەرۋەر قىلىش، ئومۇمىي خەلق ھەرىكەتكە كېلىش، پۈتۈن جەمئىيەت ئورتاق قاتنىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەشكىللەپ قوزغاشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، تەشۋىق ـ تەربىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەجبۇرەن كۆچەت تىكىشكە قاتنىشىش ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى يەنىمۇ قوزغاش كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار كۆچەت تىكىش مەجبۇرىيىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ئادا قىلىپ، يېشىل تۆۋەن كاربونلۇق تۇرمۇش شەكلىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، بىزنىڭ يەر شارىدىن ئىبارەت يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى ئاسراپ، ۋەتىنىمىزنىڭ سۈزۈك سۈيى، يېشىل تېغىنى ياخشى قوغداپ، خەلقنى يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى قاتارلىقلار كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە تۈرتكە بولىدىغان ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

بىرىنچىدىن، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، مۇقىملىق پايدىسىنى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تارىخى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى شىنجاڭنىڭ كادىرلار تەربىيەسى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىگە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇمىيۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگولاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي بايراقنى كۆتۈرۈپ، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئوبرازنى نامايان قىلىپ، ئىدېئولوگىيە خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشى تۇرغۇزۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى زورايتىش، ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىچكى ـ تاشقى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا مېڭىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلام، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق شەكىلدە ياخشى سۆزلەش كېرەك. شەكىل، ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىپ، يول، سۈپىلارنى كېڭەيتىپ، تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەتنى، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشنى مەردانىلىك بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى قوللاش كېرەك. بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر ئائىلە دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىش ۋە مۇقىملىقنى قوغداپ، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىپ، ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى، ھەر مىللەت كادىرلار قوشۇنى ۋە پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۆرەش نىشانى قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا جەمئىيەت مۇقىم بولغان، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارادىكى ئايرىم يامان غەرەزدىكى كىشىلەر شىنجاڭغا ئالاقىدار يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى تەرەپ ـ تەرەپتە تارقىتىپ، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ تۆھمەت قىلىپ، ئاتالمىش «شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە»لەرنى قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇنى بىز كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمىز! شىنجاڭ قىلغان ھەممە ئىش ئوچۇق ـ ئاشكارا، سەمىمىي بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بەخت يارىتىش ئۈچۈندۇر. بىز كۆپچىلىكنىڭ شىنجاڭغا كۆپرەك كېلىپ ئايلىنىپ بېقىشىنى، كۆرۈپ بېقىشىنى، ھەقىقىي شىنجاڭنى چۈشىنىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ۋىلادىمىر نوروۋ ھەمدە ئىران، پاكىستان، روسىيە، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، تۇرالغۇ كاپالىتى، مەجبۇرىيەت مائارىپى ۋە داۋالاش ـ سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەردە قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، ئىقتىسادى تېز يۈكسىلىپتۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپتۇ. بىرنەچچە كۈنلۈك ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولۇش ۋە بۇ قېتىمقى پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئارقىلىق، بىز شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوڭقۇر ئىگىلىدۇق، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشىغا ئائىت ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئىگىلىدۇق، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتلەردە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقنى ئالقىشلايمىز ۋە قوللايمىز. جۇڭگو شىنجاڭنىڭ داۋاملىق رايون تىنچلىقى، خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە ئالاھىدە ۋەكىلى لى خۈي مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتتى، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور. شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىساد ـ سودا، ئادەمىيەت، پەن ـ تېخنىكا، قاتناش، ئاممىۋى سەھىيە قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، گۈللىنىشتىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، گۈزەل كېلەچەكنى ئورتاق يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىسقا سىن فىلىمى قويۇلدى. شىنجاڭدىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىلار ھەقىقىي مىساللار ۋە سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، غەربتىكى بىر قىسىم تاراتقۇلارنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە رەددىيە بەردى.

---

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي ئىش قىلىش يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىلىرى سىن يىغىنى ئېچىلدى

# مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇر، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بولۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىلىرى سىن يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشتا مەھكەم تۇرۇپ، خىزمەت مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدىكى ياخشى ھالەتنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئاساسىي ماتېرىياللاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، قېتىرقىنىپ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە مەركەزلىك ئۆگىنىشنى ياخشى قىلىپ، سۈپەت، نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ قىزىل بايلىقنى ياخشى قېزىپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىنقىلابىي روھ، قەھرىمانلار ـ قۇربانلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تىرىشىپ قىزىل گېننى قان تومۇرلارغا كىرگۈزۈش، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈش، ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ لېكسىيە ئۆمىكى، ئۆزگىچە لېكسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ قۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، لېكسىيە سۆزلەشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، لېكسىيەنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى، ئۆزگىچە بولۇشى، ئاممىغا يېقىن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ دىققەتنى ئامما «ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان» مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلارنى ياخشى قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك؛ تەشۋىق ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، قويۇق كەيپىيات يارىتىپ، پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش ھېسسىياتىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك. مەركىزىي خىزمەتنى، چوڭ ۋەزىيەتنى چىڭ كۆزلەپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق ئەمەلىي خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇپ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەل جايىدا يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، خۇلاسىلەش ـ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇر، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

يىغىندا ئالتە ئورۇن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.